# مىللەتلەر بولغاچقا ئۈزۈم - ئىجىل ئىناق، ئىشىمىز تاپماقتا كۈنسېرى روناق.

## ئىتتىپاقلىق ھەققىدە قوشاقلار

پاختەك ئۇۋا سېلىپتۇ،
ھويلامدىكى تېرەككە.
ئىتتىپاقلىق گۈللىرى،
تونىمايدۇ ئەبەدكە.

خويمۇ تەكشى كۆكلىدى،
بېزىمىزنىڭ تېرىكى.
ئىناقلىققا تەلپۈنەر،
ھەممە مىللەت يۈرىكى.

قاتتىق بوران چىقسىمۇ،
چىنار شېخى قايرىلماس.
ۋەتەندىكى مىللەتلەر،
بىر- بىرىدىن ئايرىلماس.

چىلگە پىشتى سارغايدى،
قوغۇنلۇقتا پىلەكتە.
بارچە مىللەت ئۈزۈم بولۇپ،
يەتتۇق ئارزۇ - تىلەككە.

سۇ بويىدا تال - تېرەك،
پەسكە قاراپ ئېگىلگەن.
بارچە مىللەت قېرىنداش،
رىشتىمىز چىڭ چېگىلگەن.

دەريا سۈيى دولقۇنلاپ،
توختىماي ئاقار دائىم.
ئىناق بولغاچ مىللەتلەر،
ئۆمرىمىز باھار دائىم.

كاككۇك تىنماي سايرايدۇ،
ئېگىز ئۆسكەن تېرەكتە.
ئىتتىپاقلىق ناخشىسى،
دولقۇنلايدۇ يۈرەكتە.

بېغىمىزدا مېۋە كۆپ،
ساناپ بولماس خىلىنى.
ئىتتىپاقلىق چاتتى چىڭ،
بارچە مىللەت دىلىنى.

باغ كەينىگە جايلاشقان،
بۇغداي، قوناق خامىنى.
ئىناقلىقنى سۆيمىگەن،
داغدا قالار ھامىنى.

ئاسماندا ئۇچار قۇشقاچ،
جۇپ قانىتىنى كېرىپ.
يەتتۇق ئارزۇ - تىلەككە،
ئىتتىپاقلىق كۈچ بېرىپ.

كۆكتە ئۇچقان لاچىننىڭ،
قانىتىدا توپا يوق.
ئىناق ئۆتسەك ھەممىمىز،
قىيىن ئىش يوق، جاپا يوق.

شادلاندۇرار قارساق،
باغدا گۈلنىڭ ئۈزلۈكى.
چىكىپ بارار ئەبەدكە،
مىللەتلەرنىڭ دوستلۇقى.

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئەخمەتجان تاشتۆمۈر

## بىز ئۈزۈم - ئىناق

ئىبادەت ئىمىن

جىمى مىللەت شۇنچە ئۈزۈم - ئىناق،.
شاد ياشايمىز ئانا ۋەتەندە.
مۇشكۈللەرنى بارىمىز يېڭىپ،
ئۇيۇلتاشتەك بولۇپ بىر گەۋدە.

ئىتتىپاقلىق تۇغى ئاستىدا،
غەلىبىسېرى ئۆرلەيمىز ھامان.
تۆتلىشىكە باغلىدۇق بەلنى،
يولىمىزنى توسالماس داۋان.

مۇرىمىزنى مۇرىگە تىرەپ،
ئىلگىرلەيمىز ئۈملۈك يولىدا.
باشلاپ ماڭار بىزنى پارتىيەم،
چۆمدۈرگەنچە بەخت نۇرىغا.



مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تەنتەنە

ئابلىمىت تۇرسۇن سىزغان

## بارچە مىللەت ئىناق شۇنچە

مۇھەممەت روزى

ياشايمىز ھۆر ئانا ئەلدە ئىناق شۇنچە جىمى مىللەت،
مۇجەسسەم بارچە مىللەتتە قېرىنداشلارچە روھ، خىسلەت.

ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىقنى گۆھەردەك ئەتىۋار بىلگەچ،
تىلەكداشلىق، يۆلەكداشلىق بىلەن تاپتۇق يېڭىش، نۇسرەت.

ئىناقلىق بىرلە يەتتۇق بىز بۈگۈنكى بەختۇ ئىقبالغا،

ئىناقلىق بابىدىن ئاچتۇق نۇرانە يېپيېڭى بىر بەت.

ئىجىل - ئۈملۈكتە ئۈتكۈزدۇق تالاي يىللارنى بىر كۈندەك،
ياراتتۇق ئەجرىمىزدىن زەپ پاراغەتلىك ئېسىل جەننەت.

جىمى تىل كۈي تۆكەر بۇ دەم ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق دەپ،
قازانغايمىز ئىناقلىقتا جىمى سەپتە زەپەر، شۆھرەت.

## ئىتتىپاقلىق ھەققىدە پارچىلار

ئابدۇسەمەت جېلىل

ئىناق مىللەت تاپىدۇ روناق،
ئىقبال ئاڭا ئاچىدۇ قۇچاق.
«كۈچ بىرلىكتە» دېگەن ھېكمەتنى،
شۇڭا ئەستە ساقلايلى ھەرۋاق.

× ×

ئىناق ئۆتسەك دائىم ھەر مىللەت،
ئۆزلۈكىدىن تۈگەيدۇ ئىللەت.
باياشاتلىق يۈزلىنىپ ئەلگە،
يېقىن كەلمەس خارلىق ۋە كۈلپەت.

× ×

ئىناقلىقتىن سۆيۈنەر كۆڭۈل،
ئىناقلىقتىن يېڭىلەر مۈشكۈل.
ئىناق بولساق باسقان قەدەمدىن،
ئېچىلىدۇ سانسىز قىزىلگۈل.

× ×

ئىتتىپاقلىق بىزگە كۈچ - دەرمان،
ئاڭا موھتاج دىلدىكى ئارمان.

## ئىتتىپاقلىق - تۈگىمەس ناخشا

ئۆمەرجان شاۋۇدۇن

ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق نۇر - ئاپتىپى ھاياتنىڭ،
ئۇ ئەمەسمۇ ئالەمگە مۇھەببەتنى تاراتقان.
مەپتۇن قىلىپ ئۆزىگە شادلىق قۇچقان دىللارنى،
باغلارئارا بۇلبۇلدەك خۇش ناۋادا سايراتقان.

ئىناقلىقتىن يول تاپتۇق، ئىززەت -ھۆرمەت، نام تاپتۇق،
شۇڭا ماڭدۇق شان قۇچۇپ ھەر پەللە ھەر قەدەمدە.
كۈندىن - كۈنگە يۈكسىلىپ كەڭ جاھانغا تونۇلدۇق،
ئابرويىمىز ئۆسمەكتە بارغانسېرى ئالەمدە.

ھەممە مىللەت ئۈملۈكتە ئۇيۇلتاشتەك ئۇيۇشۇپ،
بىر ئانىدىن تۇغۇلغان قېرىنداشتەك ئۆتىمىز.

ئۆمرىمىزگە بەرىكەت، ئىشىمىزغا قۇت تىلەپ،
مەڭگۈ ئالغا ئۆرلەيمىز پەللىلەردىن پەللىگە.

## ئىناقلىقنىڭ قۇدرىتى چەكسىز

ئۆمەر ئىسمائىل

قەھرىتان قىش،
ۋۇجۇدىدىن جۇت ياغدۇرۇپ،
ھەممە يەرنى ئاپئاق قارغا پۈركىگەندە.

مېھىر - شەپقەت لاچىنلىرى قىلىپ پەرۋاز،
ئاتلاندى تېز قۇتقۇزۇشقا تىكىپ جاننى.
قالدى ساقلاپ ئاجىزلارنى خەۋپ - خەتەردىن،

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىچاڭ، 12- ماي تېلېگراممىسى. بۈگۈن سائەت نۆلدىن 17 مىنۇت ئۆتكەندە، دۆلىتىمىزدە تەتقىق قىلىپ ياسالغان «شەرق قىزاردى-3» ناملىق يېڭى بىر ئەۋلاد خەۋەرلىشىش سۈنئىي ھەمراھى «ئۇزۇن سەپەر- $A^3$» ناملىق توشۇغۇچى راكېتا ئارقىلىق شىچاڭ سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش مەركىزىدە قويۇپ بېرىلدى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋۇ باڭگو شۇ جايدا قويۇپ بېرىشنى كۆردى ھەم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا ۋەكالىتەن، تەتقىق قىلىپ ياساش، ئىشلەپچىقىرىش، سىناق تەرىقىسىدە قويۇپ بېرىشكە قاتناشقان بارلىق خادىملاردىن سەممىي ھال سورىدى ۋە ئۇلارنى تەبرىكلىدى. جۇڭگو ئالەم بوشلۇقى تېخنىكىسى تەتقىقات ئاكادېمىيىسى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان «شەرق قىزاردى -3» ناملىق سۈنئىي ھەمراھ مەملىكىتىمىزنىڭ يېڭى بىر ئەۋلاد ئەمەلىي ئىشلىتىلىدىغان رادىئو خەۋەرلىشىش سۈنئىي ھەمراھى. سۈنئىي ھەمراھقا 24 C دولقۇن بۆلىكىنى يۆتكەپ تارتىش ئەسۋابى ئورنىتىلغان، ئۇ سەككىز يىل خىزمەت قىلىدۇ.

## نامرات رايونلارنىڭ قاتناش شارائىتىنى ياخشىلاش زور ئەھمىيەتكە ئىگە

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، تەيۈەن خەۋىرى. دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى چېن جۈنشېڭ قاتناش شارائىتىنى ياخشىلاش - نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، ئۇزاق مۇددەتلىك مۇشكۈل تارىخىي ۋەزىپە، 80 مىليون نامراتقا يار-يۆلەك بولۇش بويىچە يەتتە يىللىق ئېستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. چېن جۈنشېڭ يېقىندا ئېچىلغان مەملىكەتلىك قاتناش سىستېمىسىنىڭ نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش يىغىنىدا بۇ سۆزنى قىلدى.

چېن جۈنشېڭ مۇنداق دېدى: ھازىر نامرات رايونلارنىڭ قاتناش شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئۇل مۇئەسسەسەلىرنى راۋاجلاندۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي باسقۇچتا تۇرماقتا. ئالدى بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن يۈكسەك كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ ۋە ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، نامرات رايونلاردىكى كادىرلار ئاممىنىڭ كۈچلۈك ئارزۇسى ۋە ئىنتايىن يۇقىرى ئاكتىپلىقى بار، بۇنىڭدىن باشقا، نامرات رايونلاردا كۆپلىگەن ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرى بار، بۇلار تاشيول ياساشتىكى پايدىلىق ئامىل.


قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى خۇاڭ جېندۇڭ يىغىندا قاتناش سىستېمىسىنىڭ يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيانقى نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىدى. قاتناش سىستېمىسىنىڭ نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش خىزمىتى ھازىر دۇچ كېلىدىغان ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلدى. ئۇ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ئىلگىرى بېكىتىلگەن 2000-يىلى قاتناش سىستېمىسىنىڭ نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش بويىچە ئېستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش نىشانىغا ئۆز قەرەلىدە يېتىش كېرەك، ھەرگىز ئارقىدا قېلىشقا بولمايدۇ. قاتناش سىستېمىسىنىڭ نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش بويىچە ئېستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش نىشانىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: 2000-يىلغا بارغاندا ھەر بىر نامرات ناھىيىدە قاتناشقا يىل بويى كاپالەتلىك قىلىدىغان، دەرىجە، ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، شۇ جاينىڭ قاتناش مىقدارىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر غول لىنىيە ياساشنى قولغا كەلتۈرۈش؛ شەرقىي ۋە ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ تاشيول بولمىغان يېزىلىرىدا تاشيول ياساشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش؛ غەربىي قىسىمدا، بەزى ئالاھىدە رايونلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، نامرات ناھىيىلەرنىڭ قاتناش راۋان بولغان يېزىلىرىنىڭ نىسبىتىنى % 99تىن كۆپرەككە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت.


# «5.17 خەلقئارا تېلېگراف كۈنى»نى داغدۇغىلىق خاتىرىلەيمىز

جۇڭگو تېلېگرافى

CHINA TELECOM

5 - ئاينىڭ 17 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى دۆلەت ئاممىۋى خەۋەرلىشىش تورىغا تۇتاشقان شەھەر ئىچى تېلېفون ئابونتى 200 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى




ئىزاھات: كومۇ تاتور سىغىمچانلىقى، ئىشلىتىلىۋاتقان تېلېفون


ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېلېگراف ئىدارىسى


ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى، ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر، تېلېفون باش ئالماشتۇرغۇچ: 5818200، ئېلان بۆلۈمى: 5850783، تارقىتىش بۆلۈمى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028، پوچتا نومۇرى: 830051، گېزىتنىڭ ئايلىق باھاسى: 7 يۈەن 50 پۇڭ، پارچە باھاسى: 25 پۇڭ (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)

# ئەنئەنىۋى دوستلۇق راۋاجلاندۇرۇلدى، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقى كېڭەيتىلدى

## لى پېڭ زۇڭلىنىڭ ئافرىقىدىكى زىيارىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى


لى پېڭ زۇڭلىنىڭ مۇشۇ ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ جەنۇبىدىكى زامبىيە ۋە موزامبىك، ئوتتۇرا قىسمىدىكى گابون ۋە كامېرون، غەربىي قىسمىدىكى نىگېرىيە، شەرقىي قىسمىدىكى تانزانىيىگە قىلغان رەسمىي، دوستانە زىيارىتى ۋە سېيشېل جۇمھۇرىيىتىدە ئېلىپ بارغان خىزمەت زىيارىتى رەئىس جياڭ زېمىننىڭ بۇلتۇر ئافرىقىدا ئېلىپ بارغان تارىخىي زىيارىتىدىن كېيىنكى يەنە بىر زور دىپلوماتىيە ھەرىكىتى ھېسابلىنىدۇ. زىيارەت ئارقىلىق دوستانە بېرىش - كېلىشنى كۈچەيتىش، ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقنى كېڭەيتىش مەقسىتى ئىشقا ئېشىپ، 21 - ئەسىرگە يۈزلەنگەن ئۇزاق مۇددەتلىك دوستانە، ئومۇميۈزلۈك ھەمكارلىشىدىغان جۇڭگو - ئافرىقا مۇناسىۋىتى ئورنىتىشتا يېڭى سەھىپە ئېچىلدى.



كامېرون زۇڭتۇڭى بىيا مۇشۇ ئاينىڭ 10 - كۈنى يائۇندېدىكى زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىدە لى پېڭ زۇڭلىغا «1 - دەرىجىلىك كامېرون دۆلەت ئوردېنى»نى بەردى.



مۇشۇ ئاينىڭ 4 - كۈنى سېيشېلدا خىزمەت زىيارىتىدە بولغان لى پېڭ زۇڭلى بىلەن سېيشېلنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى مىشېل جۇڭگو بىلەن سېيشېلنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سېيشېل جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنى ھەقسىز ياردەم بىلەن تەمىنلىشى توغرىسىدىكى ھۆججەت» كە ئىمزا قويۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى.







↑ لى پېڭ زۇڭلى مۇشۇ ئاينىڭ 5 - كۈنى زامبىيە زۇڭتۇڭى چىلۇبا بىلەن لۇساكادىكى زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىدە سۆھبەتلەشتى.

# جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى رايون ھەمكارلىقىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشنى مۇراجىئەت قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، مالې خەۋىرى.** مۇشۇ ئاينىڭ 12 - كۈنى بۇ يەردە ئېچىلغان 9 - نۆۋەتلىك جەنۇبىي ئاسىيا رايونى ھەمكارلىق ئىتتىپاقى باشلىقلىرى يىغىنىغا قاتناشقان دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلىپ، جەنۇبىي ئاسىيا رايونى ھەمكارلىق ئىتتىپاقىنىڭ ھەمكارلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، كېيىنكى ئەسىرنى كۈتۈۋېلىشنى مۇراجىئەت قىلدى.

يىغىنغا قاتناشقان يەتتە ئەزا دۆلەت باشلىقى مۇنداق دېدى: جەنۇبىي ئاسىيا رايونى ھەمكارلىق ئىتتىپاقىدىكى دۆلەتلەر ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنىڭ كېيىنكى نىشانى - 2000 - يىلغىچە، ئەڭ كېچىككەندە 2005 - يىلىدىن ئاشۇرماي جەنۇبىي ئاسىيا ئەركىن سودا رايونىنى قۇرۇش.

نامراتلىقنى تۈگىتىش جەنۇبىي ئاسىيا رايونى ھەمكارلىقىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىنىپ كەلدى. يىغىنغا قاتناشقان يەتتە دۆلەت باشلىقلىرى مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: جەنۇبىي ئاسىيا رايونى - دۇنيا بويىچە ئەڭ نامرات رايونلارنىڭ بىرى، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت - پائال تەدبىر قوللىنىپ جەنۇبىي ئاسىيا رايونى ھەمكارلىق ئىتتىپاقىنىڭ نامراتلىقنى تۈگىتىش يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئالاقىدار تەكلىپلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جەنۇبىي ئاسىيا رايونى خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش.

جەنۇبىي ئاسىيا رايونى ھەمكارلىق ئىتتىپاقى 1985 - يىلى قۇرۇلغان، ئەزالىرى باڭلادېش، بۇتان، ھىندىستان، نېپال، پاكىستان ۋە سىرىلانكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

# زايىر كرىزىسىنى ھەل قىلىشنىڭ يولى - مىللىي يارىشىش

مۇلاھىزە

بۇلتۇر 10 - ئايدىن بۇيان، زايىر ھۆكۈمىتىگە قارشى قوراللىق كۈچلەرى ئۇرۇشتا كەينى - كەينىدىن غەلىبە قىلىپ، زايىر زېمىنىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلىۋالدى ۋە پايتەخت كىنشاساغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. زايىر ھۆكۈمىتى قالغان كۈچىگە تايىنىپ، مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ، ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ھالىتىگە ئۆتتى. باشقا سىياسىي گۇرۇھلارمۇ بارلىق كۈچى بىلەن ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىپ، كېيىن ئېخمۇ كۆپ ھوقۇققا ئېرىشمەكچى بولۇۋاتىدۇ. لېكىن، زايىرنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە ئافرىقىنىڭ تاڭگانىكا رايونىدىكى مۇرەككەپ ۋەزىيەتتىن ئالغاندا، بۇ ئىچكى ئۇرۇشتا كىمنىڭ يېڭىپ، كىمنىڭ يېڭىلىشىدىن قەتئىينەزەر، زايىر كرىزىسىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ چىقىش يولى - مىللىي يارىشىشتا، بۇنىڭ مۇنداق ئۈچ مۇھىم سەۋەبى بار:

1. زايىر كرىزىسى قەبىلىلەر زىددىيىتىدىن

يەردىكى جامائەتچىلىك مۇنداق دېدى: قەبىلىلەر مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلماسلىق، قوشنا دۆلەتلەر مۇناسىۋىتى يامانلىشىشنىڭ مۇھىم سەۋەبى. زايىردا نەچچە ئون چوڭ قەبىلە بار، ئۇلار 6000 - 7000 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى چېگرا لىنىيىسىگە جايلاشقان، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى، تىلى ۋە تۇرمۇش ئادىتى قوشنا دۆلەت خەلقلىرىنىڭكىگە ئوخشاش. شۇڭا، مىللىي يارىشىشنى ئىشقا ئاشۇرمىغاندا، ئىناق قوشنىدارلىق مۇناسىۋىتى ۋە تىنچ مۇھىتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

3. قەبىلىلەر زىددىيىتى - سىرتنىڭ زايىرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قول تىقىشىدىكى ۋاسىتە. زايىر كرىزىسى پارتلىغان كۈنىدىن ئېتىبارەن، تاشقى كۈچلەر ئارىلىششقا باشلىدى. زايىر - ئوتتۇرا ئافرىقىدىن جەنۇبىي ئافرىقىغا ئۆتىدىغان كۆۋرۈك ھەم شەرقىي، غەربىي ئافرىقىنى تۇتاشتۇرىدىغان بىردىنبىر يول. ئۇنىڭ ئالتۇن، ئالماس، مىس، كوبالت قاتارلىق ئاز ئۇچرايدىغان قېزىلما بايلىقلىرى ئىنتايىن مول. بەزى چوڭ دۆلەتلەر

